# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ رەھبەرلىك يادروسى. دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك سىياسىي تۈزۈم ئەۋزەللىكىنىڭ بىر گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى پارتىيەنىڭ پۈتۈن ۋەزىيەتنى ئىگىلەش، ھەرقايسى تەرەپلەرنى ماسلاشتۇرۇشتىكى رەھبەرلىك يادروسلۇق رولىدۇر، ئوبرازلىق قىلىپ ئېيتقاندا، «سان ـ ساناقسىز يۇلتۇزلارنىڭ ئاينى چۆرىدىشى» بولۇپ، بۇ «ئاي» دەل جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى. جۇڭگونىڭ ئەڭ چوڭ دۆلەت ئەھۋالى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى. جۇڭگوچە ئالاھىدىلىك دېگەن نېمە؟ مانا بۇ دەل جۇڭگوچە ئالاھىدىلىك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشتا ئالدى بىلەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزى ۋە مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك، بۇ پارتىيە رەھبەرلىكىنىڭ ئەڭ ئالىي پرىنسىپى، ھەرقانداق ۋاقىت، ھەرقانداق ئەھۋالدا بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدۇ، تەۋرىنىشكە بولمايدۇ. جەزمەن سىياسىي ئاڭ، چوڭ ۋەزىيەت ئېڭى، يادرو ئېڭى، بىردەكلىك ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ئاڭلىق ھالدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزى ۋە مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى قوغداپ، ئاڭلىق ھالدا ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاش كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى بىر پۈتۈن، مۇكەممەل بولغان ئىلمىي تۈزۈم سىستېمىسى بولۇپ، ئاساسىي قۇرۇلمىلىق رول ئوينايدىغان تۈپ تۈزۈم، ئاساسىي تۈزۈم، مۇھىم تۈزۈم، بۇنىڭ ئىچىدە بىرتۇتاش يېتەكچىلىك قىلىش ئورنىغا ئىگە بولغىنى پارتىيەنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈمى. پارتىيەنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈمى دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ رەھبەرلىك تۈزۈمى. بىز ھەرقايسى جەھەتلەردىكى تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش، تۈرلۈك ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش، ھەرقايسى جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشتا، جەزمەن پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە پۈتۈن ۋەزىيەتنى ئىگىلەيدىغان، ھەرقايسى تەرەپلەرنى ماسلاشتۇرىدىغان تۈپ تەلەپنى ئاڭلىق ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار تەكىتلەندى: جۇڭگونىڭ ئىشلىرىنى ياخشى قىلىشتا ئالدى بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئىشلىرىنى ياخشى قىلىش كېرەك. ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى تۈرلۈك خەۋپ ـ خەتەر ۋە خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇش ۋە ئۇنى يېڭىشنىڭ ئاچقۇچى پارتىيەدە. بىز پۈتۈن زېھنىمىز بىلەن پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇپ، پارتىيەمىزنى بارغانسېرى پىشىپ يېتىلدۈرۈشىمىز، بارغانسېرى قۇدرەت تاپقۇزۇشىمىز، بارغانسېرى جەڭگىۋارلىققا ئىگە قىلىشىمىز كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

200 مىليارد كىلوۋات سائەت توكنى جېجياڭ شەھىرىدىكى 10 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم ئۈچ يېرىم يىل ئىشلىتەلەيدۇ. بۇ توك 64 مىليون توننا ئۆلچەملىك كۆمۈرنىڭ ئورنىنى ئالىدىغان بولۇپ، بۇ خۇاجۇڭ رايونىنىڭ 170 مىليون توننا كاربون (IV) ئوكسىدى، 544 مىڭ توننا گۈڭگۈرت (IV) ئوكسىدى، 473 مىڭ 600 توننا ئازوت ئوكسىدىنى ئاز قويۇپ بېرىشىگە ياردەم بەرگەنگە باراۋەر.

بۇ ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى «بوشلۇقتىكى يۇقىرى سۈرئەتلىك يول»دا يەتكۈزۈلگەن 200 مىليارد كىلوۋات سائەتتىن ئارتۇق توك مىقدارى ئىچىدە، شامال ئېلېكتر، نۇر ئېلېكتر قاتارلىق يېڭى ئېنېرگىيەلەرنىڭ توك مىقدارى 59 مىليارد كىلوۋات سائەتتىن ئارتۇق بولۇپ، جېجياڭ شەھىرىنىڭ بىر يىللىق توك ئىشلىتىش مىقدارىدىن ئېشىپ كېتىدۇ.

دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى چەكلىك شىركىتىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، قومۇلنىڭ جەنۇبى ـ جېجياڭ ±800 كىلوۋولتلۇق ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق تۇراقلىق توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى شىنجاڭنىڭ 100 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىشىغا بىۋاسىتە تۈرتكە بولۇپ، شىنجاڭنىڭ كۆمۈر، كۆمۈر ئېلېكتر، شامال ئېلېكتر، نۇر ئېنېرگىيەسى ئېچىش ۋە ئۈسكۈنە ياسىمىچىلىقى قاتارلىق ئالاقىدار كەسىپلەرنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولغان.

نۆۋەتتە، شىنجاڭنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان قومۇل شەھىرىدە 10 مىليون كىلوۋاتلىق شامال ئېلېكتىر بازىسى ۋە 1 مىليون كىلوۋاتلىق نۇر ئېنېرگىيە بازىسى قۇرۇلۇپ، بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان يېڭى ئېنېرگىيە جابدۇق ياسىمىچىلىقى كەسىپ زەنجىرى شەكىللەندى، ئېلېكتر ئېنېرگىيە گېنېراتورلار سىغىمچانلىقى 21 مىليون 200 مىڭ كىلوۋات بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭى ئېنېرگىيە توك چىقىرىش گېنېراتورىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 60%تىن ئاشتى.

بۇ ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق قۇرۇلۇشتىن باشقا، نۆۋەتتە شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىدا يەنە بىر 2019 ـ يىلى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن شەرقىي جۇڭغار ـ ئەنخۇي جەنۇبىي ئەنخۇي ±1100 كىلوۋولتلۇق ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق تۇراقلىق توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى بار بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي قىسىم ئېنېرگىيە بازىسىدىن شەرقىي، ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئېنېرگىيە ئىشلىتىش مەركىزىگىچە بولغان توك يەتكۈزۈش كارىدورى بارغانسېرى مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرماقتا.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يىغىندا ۋە يىغىن سىرتىدا ھەمتۈرتكىلىك كېڭەشىدىغان، توردا ۋە تور سىرتىدا ماس قەدەمدە ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىدىغان كەيپىيات شەكىللەندۈرۈلدى. يىغىنغا قاتناشقان توققۇز ۋەكىل پۇل مۇئامىلىنىڭ ئەمەلىي ئىقتىسادقا تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش، قانۇنچىللاشقان تىجارەت ـ سودا مۇھىتى بەرپا قىلىش، كارخانىلارغا نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، چېگرا سودىسىدىكى رىقابەت كۈچىنى پۈختا قەدەم بىلەن ئۆستۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە ئەقىل ـ چارە كۆرسەتتى. كۆپچىلىك مۇنداق قارىدى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەت يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇش توغرىسىدىكى تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمەت سەۋىيەسىنى سىجىل ئۆستۈرۈپ، «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش سىياسىتىنى چوڭقۇر ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىز تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنىڭ كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىشىغا تۈرتكە بولدى. بەزى ئەزالار بانكا ـ كارخانا ئۇچۇرلىرىنى ئۇدۇللاشتۇرۇش مۇلازىمىتىنى كۈچەيتىپ، كۆپ مەنبەلەشكەن مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، كارخانىلارنى ئۈنۈملۈك پۇل مۇئامىلە مەدەتتى بىلەن تەمىنلەش؛ كارخانىلارغا نەپ يەتكۈزىدىغان تۈرلۈك سىياسەتلەرنى پۈختا، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى قوزغىتىش؛ «ھۆكۈمەت ئىشلىرى بىر بېكەت شەكلىدىكى مۇلازىمەت» + «ئىشلارنى بىر ئىشىك شەكلىدە بېجىرىش»تىن ئىبارەت تور ۋە تور سىرتى يۇغۇرۇلما مۇلازىمەت ئەندىزىسىنى يولغا قويۇپ، كارخانىلارغا ئەڭ زور چەكتە قولايلىق يارىتىپ بېرىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى.

نۇرلان ئەبلەمجىن سۆزىدە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىقتىساد ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى داۋاملىق ئەلالاشتۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا ئۈزلۈكسىز تۈرتكە بولۇش كېرەك. «خەتەر» بىلەن «پۇرسەت»نىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ئىگىلەپ، ۋەزىيەتكە قاراپ پىلان تۈزۈش، ۋەزىيەتكە قاراپ ھەرىكەتكە كېلىش، ۋەزىيەتكە بېقىپ ئىش كۆرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، خەتەرنى پۇرسەتكە ئايلاندۇرىدىغان «باشلامچى قەدەم»نى ياخشى مېڭىش كېرەك. ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، مۇھىم ئامىللارنى بازارلاشتۇرۇپ تەقسىملەشنى كۈچەپ ئالغا سىلجىتىپ، كارخانىلارغا نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىنى پۈختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەربىر بازار سۇبيېكتىنى رىقابەتكە باراۋەر قاتناشتۇرۇش كېرەك. شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، قانۇنچىللىق ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، مۇكەممەل ئىجتىمائىي ئىناۋەت ۋە بازار سىستېمىسى ئارقىلىق تېخىمۇ ئاشكارا، تېخىمۇ قولايلىق تىجارەت ـ سودا مۇھىتى يارىتىش كېرەك. «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرى ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، تۈرلۈك چارە ـ تەدبىرلەر ئارقىلىق تۈرلۈك كارخانىلارنى شىنجاڭغا كېلىپ مەبلەغ سېلىپ كەسىپلەرنى گۈللەندۈرۈشكە جەلپ قىلىپ، بازارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئومۇميۈزلۈك قويۇپ بېرىش كېرەك.

نۇرلان ئەبلەمجىن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: كۆپچىلىك ئوخشاش بولمىغان نۇقتىلاردىن نۇرغۇن توغرا ھەم ئېنىق كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى، پىكىر ئالماشتۇرۇش، تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، مەسىلىنى تەتقىق قىلىش، خىزمەتكە تۈرتكە بولۇش مەقسىتىگە يەتتۇق. يىغىندا شەكىللەنگەن ئورتاق تونۇش ۋە پىكىر ـ تەكلىپلەرنى دەرھال يىغىپ، رەتلەپ يۇقىرىغا يوللاپ، كېڭەشىپ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشتىكى يېڭى نەتىجە ئارقىلىق تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ پىكىر ـ تەكلىپلىرىگە ئىنكاس قايتۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن چېڭ جىنشەن، ئىلھام سابىر يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جۇرئەت ئىمىن باش تېمىلىق سۆز قىلدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، دىققەتنى ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش تۈپ ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە مەركەزلەشتۈرۈپ، يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن، شىنجاڭ داشۆنىڭ «قوش ئالدىنقى قاتار» قۇرۇلۇشىنى پۈختا، كۈچلۈك ئالغا سىلجىتىپ، شىنجاڭ داشۆنى باشتىن ـ ئاخىر پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرىدىغان، سوتسىيالىزمنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۈرىدىغان مۇستەھكەم بازا قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

لى پېڭشىن شىنجاڭ داشۆ يېڭى مەكتەپ رايونىنىڭ يىرىك پىلان لايىھەسى، قۇرۇلۇش سۈرئىتى قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: شىنجاڭ داشۆنىڭ دۆلەتنىڭ تۇنجى تۈركۈمدىكى ئالدىنقى قاتاردىكى داشۆ قۇرۇلۇشى قاتارىغا كىرىشى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ۋە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى، غەمخورلۇق قىلغانلىقىنى تولۇق نامايان قىلدى. «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، شىنجاڭ داشۆنىڭ «قوش ئالدىنقى قاتار» قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتى ۋە چوڭقۇر ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى تولۇق تونۇپ، يېڭى مەكتەپ رايونى قۇرۇلۇشىنى «قوش ئالدىنقى قاتار» قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىش، ماھىيەتلىك مەزمۇن شەكلىدىكى تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم ھالقا قىلىپ، ئالدىنقى قاتار ئېڭىنى تۇرغۇزۇپ، مەسئۇلىيەتچانلىق روھىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يۇقىرى باشلىنىش نۇقتىسى، يۇقىرى ئۆلچەم، يۇقىرى سەۋىيەدە چىڭ تۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى تىرىشىپ تۈگىتىپ، ماسلىشىپ بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىپ، زىچ ھەمكارلىشىپ، بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈپ، تۈرلۈك چارە ـ تەدبىرلەر بىلەن سۈرئەتكە كاپالەتلىك قىلىپ، سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىپ، بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىپ، يېڭى مەكتەپ رايونى تۈرىنىڭ بالدۇرراق پۈتۈشىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىپ، ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئالدىنقى قاتاردىكى مائارىپ ئوقۇتۇش مۇھىتى يارىتىش كېرەك.

لى پېڭشىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: قاتتىق دېتال قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇش بىلەن بىللە، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش، ئوقۇتۇش ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش، مەكتەپ باشقۇرۇش، مەكتەپنى ئىدارە قىلىش سۈپىتى ۋە سەۋىيەسىنى قىلچە بوشاشماي، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ، ئۈزلۈكسىز چىڭ تۇرۇپ ئۆستۈرۈش كېرەك. پەنلەر سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىچكىرى رايونلاردىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ نىشانلىق ياردەم بېرىش كۈچىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، يېتەرلىك پايدىلىنىپ، بىرتۇتاش پىلانلاشنى كۈچەيتىپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، سەرخىل، مەخسۇس، ئالاھىدە، كۈچلۈك ئالدىنقى قاتاردىكى پەنلەرنى بەرپا قىلىش كېرەك. ئوقۇتۇش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، دەرسلىك سىستېمىسى ۋە ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى ئەلالاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ۋە ۋاستىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئوقۇتۇش بىلەن پەن تەتقىقاتنىڭ يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. باشقۇرۇش سىستېمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىدىيەۋى ـ سىياسىي خىزمەت سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئىدىيەۋى قىممەت يېتەكچىلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مائارىپ ئوقۇتۇشنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا، ھەرقايسى ھالقىلىرىغا سىڭدۈرۈش كېرەك. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، سىياسىي ئۆلچەمنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئوقۇتقۇچىلار ئەخلاقى، ئوقۇتقۇچىلار ئىستىلىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئوقۇتقۇچىلار قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، يۇقىرى ساپالىق، كەسىپلەشكەن ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى بەرپا قىلىش كېرەك. شىنجاڭ داشۆنىڭ قىزىل گېنىغا زور كۈچ بىلەن ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىغا سىڭدۈرۈپ، ۋەتەننى سۆيىدىغان، شىنجاڭنى سۆيىدىغان، مەسئۇلىيەتچان، ئۆزىنى بېغىشلايدىغان سوتسىيالىزمنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى تەربىيىلەش كېرەك. دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە مائارىپ ئوقۇتۇشى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، يازلىق تەتىللىك ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، بىخەتەر، تەرتىپلىك، نۇقسانسىز بولۇشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

لى پېڭشىن مۇنداق تەكىتلىدى: پارتىيە كومىتېتى رەھبەرلىكىدىكى مەكتەپ مۇدىرى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەكتەپ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ سىياسىي فۇنكسىيەسىنى سىجىل كۈچەيتىپ، پارتىيە رەھبەرلىكى ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ تولۇق قاپلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مەكتەپلەرنىڭ باشتىن ـ ئاخىر سوتسىيالىستىك مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، باشتىن ـ ئاخىر توغراق روھىي ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەپ، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش، چېگرانى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىپ، چوڭ ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان، ئېغىر ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالالايدىغان غەربىي قىسىم قۇرغۇچىلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شۇ خېيرۇڭ، ۋەن خەيچۈەن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا قاتناشتى.

---

### ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى نازارەتچىلىكنى ئاساسىي قاتلامغا ئۇزارتىشقا تۈرتكە بولۇش بويىچە نەق مەيدان تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى

## نازارەتچىلىك كۈچلىرىنى بىرىكتۈرۈپ، نازارەتچىلىك ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، نازارەتچىلىكنى چوڭقۇر تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئاساسىي قاتلامغا ئۇزارتىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك

**ئىختىيارىي مۇخبىرلار يۈەن پېڭگېن، ۋاڭ نىڭ خەۋەر قىلىدۇ:** 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى بۇرۇلتوقاي ناھىيەسىدە نازارەتچىلىكنى ئاساسىي قاتلامغا ئۇزارتىشقا تۈرتكە بولۇش بويىچە نەق مەيدان تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ياڭ شىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى نازارەتچىلىكنى ئاساسىي قاتلامغا ئۇزارتىشقا تۈرتكە بولۇشقا بولغان تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ھەققىي كۈچەيتىپ، ياخشى تەجرىبە، ياخشى ئۇسۇلدا چىڭ تۇرۇپ، مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىشنى ياخشى تۇتۇپ، ئۆرنەك قىلىشقا بولىدىغان، كېڭەيتىشكە بولىدىغان تۈزۈملەشتۈرۈش نەتىجىلىرىنى شەكىللەندۈرۈپ، نازارەتچىلىكنى ئاساسىي قاتلامغا ئۇزارتىش، سۈپەتنى ئۆستۈرۈش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن ئەقىل ـ پاراستىنى تەقدىم قىلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: كۈچنى سەرخىللاشتۇرۇپ، ئاساسنى پۇختىلاپ، تەكشۈرۈش ۋە تۇرۇشقا ئەۋەتىش كۈچى، يېزا ـ بازار (كوچا) ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە كۈچى، كەنت (مەھەللە) ئىنتىزام تەكشۈرۈش كۈچىنى كۈچەيتىپ ۋە بىرتۇتاش پىلانلاپ، «نازارەت قىلىدىغان ئادەم بولۇش» ۋە «يالغۇز ئېلىشىش» مەسىلىسىنى ھەل قىلىش؛ كەنت دەرىجىلىك كىچىك، ئۇششاق ھوقۇقلارنى تىزىملىككە كىرگۈزۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، كەنت(مەھەللە)لەرنىڭ تەكشۈرۈش بىلەن ئومۇميۈزلۈك قاپلىنىشىنى پۈختا قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، فۇنكسىيەلىك تارماقلارنىڭ نازارەتچىلىكنى ئاساسىي قاتلامغا ئۇزارتىشقا تۈرتكە بولۇپ، ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىنى نازارەتچىلىككە تەرتىپلىك قاتنىشىشقا يېتەكلەپ، نۇقتىلىق كەنت پارتىيە ياچېيكىسى شۇجىلىرىغا قارىتا دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى نازارەت قىلىشنى يولغا قويۇش ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، تەدرىجىي ھالدا ئاساسىي قاتلام نازارەتچىلىكنى توغرا يولغا قايتۇرۇش، ساغلام، تەرتىپلىك تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. جەزمەن ئاساسىي قاتلام نازارەتچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىشنى چىڭ تۇتۇپ، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، نازارەتچىلىك ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى پائال زىممىگە ئېلىپ، نەتىجە يارىتىپ، خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلاپ، نازارەتچىلىكنى ئاساسىي قاتلامغا ئۇزارتىشقا تۈرتكە بولۇشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەپ، پارتىيە ۋە خەلق بەرگەن ھوقۇقنى باشتىن ـ ئاخىر خەلقنىڭ بەختىنى كۆزلەش ئۈچۈن ئىشلىتىشكە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا، ئالتاي ۋىلايەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى قاتارلىق ئالتە ئورۇندىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداش پىكىر ئالماشتۇرۇپ سۆز قىلدى. شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، يىغىنغا قاتناشقۇچىلار بۇرۇلتوقاي ناھىيەسىنىڭ كۆكئاغاش يېزىسى، ناھىيەلىك سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى كىچىك، ئۇششاق ھوقۇقلارنى نازارەت قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى نەق مەيداندا كۆزدىن كەچۈردى.